ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب

江苏工业学院图书馆
藏书章

—تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرى توغرىسىدا
دەسلەپكى مۇلاھىزە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑 ：海力古丽·衣不拉音
责任校对 ：多鲁洪·哈地尔
技术编辑 ：洁米莱姆·纳则麦提

图书在版编目(CIP)数据

天山情怀：维吾尔文/艾克帕尔·哈迪尔著；一北京：民族出版社，2009.11
ISBN 978-7-105-10465-9

Ⅰ.天… Ⅱ.①艾… III.诗歌 一文学评论一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I207.22

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第217932号

出版发行：民族出版社 htt://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009年12月第1版 2009年12月第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：9
定　　价：16.00元

ISBN 978-7-105-10465-9/ I.2095(维297)

مەسئۇل مۇھەررىر : خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتور: دولقۇن قادىر
تېخنىك تەھرىر : جەمىلەم نازىمەت

ئەكبەر قادىر

# تەڭرىتاغ مېھرىدە يالقۇنجىغان قەلب

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 - 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2009-يىل 12-ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 9
باھاسى : 16.00يۈەن

ISBN 978-7-105-10465-9/I.2095(维297)

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلۈم

1. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ … (1)
2. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى خەلقچىللىق ۋە گۈزەللىك
…………………………………………… (36)
3. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى دەۋر روھى ……… (58)
4. خەلق سەنئىتىگە بېغىشلانغان قەلب ……………… (83)

## ئىككىنچى بۆلۈم

1. ۋەتەن سۆيگۈسى—ئۇلۇغ سۆيگۈ
—«ۋەتەن تويىغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ………… (92)
2. سېنى دەپ ياشاشتىن ئارتۇق لەززەت يوق
—«خەلقىم» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ……………… (98)
3. يۈكسىلىش ناخشىسى
—«ئۆزگىرىش» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا……………… (103)
4. ئانا يۇرت ئۈمىدى
—«كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
…………………………………………… (110)



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

**5. دېھقان سۆيگۈسى**
— «دېھقان ئۈچۈن» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ......... (117)
**6. يۇرت مەنزىرىسى ۋە يۇرت مېھرى**
— «كوئىنلۈن قوشىقى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ... (121)
**7. ئىشەنچ ناخشىسى**
— «تېخىمۇ گۈزەل ئەتىمىز» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا... (126)
**8. ئىنتىپاقلىق جان، ئىنتىپاقلىق دەرمان**
— «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا... (134)
**9. شائىر ئىپتىخارى**
— «تەڭرىتاغ سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ... (138)
**10. دېھقانغا بېغىشلانغان قەلب ئىزھارى**
— «دېھقان دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ...... (145)
**11. ئانا يەر قەسىدىسى**
— «تارىمغا بېغىشلانغان ناخشا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
.................................................... (151)
**12. مۇقام ئىپتىخارى**
— «زەرەپشان بويىدا شادلىق» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا (160)
**13. ئىلىم-پەنگە ئوقۇلغان مەدھىيە**
— «بىلىم نۇرى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ........... (167)
**14. بىلىم—ھايات چىرىغى**
— «ياشلار ئوقۇ ياشلىقىڭدا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا... (174)
**15. ھەقىقەت، ئۇ خەلق ئالدىدىكى كەمتەرلىكتە**
— «ھەقىقەتنى مىزان قىل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا... (178)

**16. پاك قەلب ناخشىسى**

—«تۇت ئېسىڭدە چىلىڭ» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ··· (183)

**17. ياخشىلىقتىن يورۇقتۇر ئالەم**

—«ياخشىلىق» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ·············· (188)

**18. باھار كۆيى—ئۈمىدكە تولغان كۆي**

—«باھار كەلدى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ············ (194)

**19. مەرىپەت مەشئىلىگە ئوقۇلغان مەدھىيە**

—«ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا······ (200)

**20. ئەجدادلار خىسلىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيە**

—«قىزىلگۈل» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ·············· (208)

**21. شېئىرىي پىكىر ۋە بەدىئىي ماھارەت**

—«باھار ئىلھامى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ········· (213)

**22. ۋاپادارلىق ناخشىسى**

—«مۇھەببەت-سۆيگۈگە تولسۇن كەڭ ئالەم» ناملىق
شېئىرى توغرىسىدا ·································· (221)

**23. كۆكلەم سۈرىتى—ئۆزگىرىش سۈرىتى**

—«كۆكلەم ئاۋازى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ········· (226)

**24. گۈزەل غايە، شىجائەتتىن ھاسىل بولىدۇ**

—«غايە ۋە شىجائەت» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ······ (232)

**25. يۈكسەك غايە، ئېستېتىك لەززەت**

—«قەدىرلىك» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ·············· (238)

**26. گۈزەل مەنزىرە، شېئىرىي ھېسسىيات**

—«كۆلگىن، قەشقەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ······ (243)

**27. يارقىن تەسۋىر، چوڭقۇر تىلەك**
— «ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
(249) ..................................................
**28. روشەن سېلىشتۇرما، ئەھمىيەتلىك يەكۈن**
— «ئۆتمۈش خاتىرىسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ... (253)
**29. ئېستېتىك لەززەت، مەنىۋى ئېھتىياجلىق**
— «قاش دەرياسى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ......... (259)
**30. ئالىيجاناب روھقا ئۇيغۇلغان مەدھىيە**
— «مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان» ناملىق
شېئىرى توغرىسىدا .............................. (265)
**31. تەگرتاغ مۇھەببىتى**
— «يۇرت مۇھەببىتى» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا ...... (271)
**32. مۇقام مۇھەببىتى**
— «دۇنياغا يۈزلەنسۇن مۇقام» ناملىق شېئىرى توغرىسىدا
(278) ..................................................

# بىرىنچى بۆلۈم

## 1. تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ بىرى بولۇپ، بىز دۇنيا ئەدەبىياتى شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن بىرخىل ئىلغار ئىدىيە سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنە شۇنداقلا جۇشقۇن ھەم ياڭراق مېلودىيە! شائىر تۆمۈر داۋامەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەنە شۇ يۈكسەك مېلودىيىسىگە ئېخمۇ يۇقىرى ئاۋاز قوشۇپ، بۇ مېلودىيىنى تېخىمۇ جۇشقۇنلۇققا، ھاياتىي كۈچكە، جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن قەلەم يورغىسىنى بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ يولىدا توختاتماستىن چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان قەلەم ئىگىسى ۋە قەلب ئىگىسى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى، ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى شۇنداقلا ئاساسىي گەۋدىسى. شائىرنىڭ

جۇشقۇن، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرى خەلقىنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ھالدا، دەۋرنىڭ كۈچلۈك سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ۋە ئۇنىڭدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى مىسرالار ئارا يوشۇرۇنغان ئىلغار مەنىلىرى بارغانسېرى جۇلالىنىپ، خېلى يۇقىرى ئىدىيىۋىلىكتە ۋە بەدىئىيلىكتە ئىگە بولغان ئېسىل شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە ئوخشاتساق، شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ ئۆركەشلىك دولقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنى بىر باغۇ گۈلىستانغا ئوخشاتساق، شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئاشۇ باغدا پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ. ئوقۇرمەنلەر بۇ شېئىرلاردىن ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى، يارقىن ھېسسىياتنى سېزەلەيدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدىن «ۋەتەن» دەپ سوقۇۋاتقان ئوتلۇق يۈرەكنىڭ جاراڭلىق خىتابلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىدەك سۈزۈك ۋە ساپ بولۇپ، ئۇ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا، ساختا ۋە ياسالما ھېسسىياتتىن خالىي ھالدا روياپقا چىقىرىپ، مىڭلىغان ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇپ كەلمەكتە.

شائىر ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى ئۇلۇغلاش، ۋەتەنگە ئەقىدە باغلاش، ۋەتەننىڭ گۈزەل ئەتىسى، پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن توختىماستىن كۈرەش قىلىشنى ھەربىر كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى

دەپ بىلىپ، ئۇلارنى ۋەتەن ئۈچۈن مىننەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىلەرنى بىز شائىرنىڭ:

ۋەتەن گۈل بىرلە گۈلزاردۇر،
دەرەخ ئورمان بىلەن بوستان.
كۆكەرتەيلى ئانا يەرنى،
بولۇپ كەتسۇن يېشىل ھەريان.
(— «كۆكەرتەيلى ۋەتەننى» دىن)

دېگەن مىسرالىرىدىن تولۇق ھېس قىلالايمىز. شائىر شېئىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدا ۋەتەننى سۆيگۈچى، ۋەتەننىڭ ئوتىدا كۆيگۈچى بولغان كىشى چوقۇم ۋەتەن ئۈچۈن ئەجىر-مېھنەت سىڭدۈرۈپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقنى گۈللەرگە، يېشىللىققا پۈركىشى لازىم، دېگەن كۆزقاراشنى جانلىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

شائىر بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

ۋەتەننى باغ-ۋاران ئەيلەپ،
ياسايلى قوينىدا جەننەت.
كۆرۈپ بوستاننى ئەۋلادلار،
دېگەي بىزلەرگە مىڭ رەھمەت.

دەپ يېزىپ، ھەربىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش ئىشلىرىغا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ماكان، ياخشى زامان بەرپا قىلىپ بېرىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ۋەتەننىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بېرىشكە، ئۇلار ئۈچۈن بەختىيار زامان



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

يارىتىشقا چاقىرىق قىلغان. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى مىسرالارغا شائىرنىڭ ۋەتەننىڭ گۈللىنىش، روناق تېپىشىغا، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىگە قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇش ئىدىيىلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ۋەتەننىڭ كېلەچىكى بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بىر شېئىرىي كەڭلىك ئۈستىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ يارقىن نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەربىر شېئىرىنىڭ پۈتۈن بىر قۇرۇلمىسىدىن بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ جانلىق بىر كارتىنىسىنى كۆرەلەيمىز. ۋەتەن—مۇقەددەس زېمىن. ۋەتەن—سېھىرلىك تۇپراق. ئۇنىڭ باغرىغا ئەجدادلارنىڭ ھېكمىتى ۋە ھىممىتى سىڭگەن. مانا مۇشۇ سىرلىق زېمىننىڭ قوينىدا ئەللەيلىنىپ چوڭ بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆز سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى بەرگەن شائىرلارلا ۋەتەن توغرىسىدا يارقىن مىسرالارنى يېزىپ، ئۇنى ۋەتەن سۆيگۈسىگە تەشنا قەلبلەرگە تەقدىم ئېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۆز ھاياتىنى ئىجادىيەت گۈللىرى بىلەن بېزىيەلەيدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت شېئىرىيەتنىڭ بۇ ھەقىقىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆز ئىجادىيىتىدە يۇكسەك دەرىجىدە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا بىر-بىرىدىن ئېسىل، بىر-بىرىدىن يېڭى مەزمۇندا توختىماستىن شېئىر يېزىپ كەلدى. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېڭى بىر پارچە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەندە، شېئىرنى ھېسسىيات چىنلىقى، تەسەۋۋۇر بايلىقى، مەنە قاتلىمى جەھەتلەردىن ئالدىنقى قېتىملىق ۋەتەن تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىشقا سەمەرىلىك ئەمگەك سىڭدۈرۈپ كەلدى.

ئاتا كەبى ۋە ئانا كەبى،
مېھرىباندۇر بىزگە پارتىيە.
كۈن نۇرىنى بېرىپ ئۇ بىزگە،
بەخت يولىنى بەخش ئەتكەن بىزگە،
شۇڭا دىلدا پۈتمەس مەدھىيە.
(«ۋەتەن تويىغا» دىن)

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا ھەر مىللەت جۇڭخۇا خەلقىنى يېڭى بىر تۇرمۇشقا، يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىرگەن پارتىيىنى مېھرىبان ئاتا-ئانىغا ئوخشاتقان ھەمدە قاراڭغۇ-زۇلمەت يىللاردىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ بەخت يولىنى كۆرسەتكەن ۋە ئاتا قىلغان پارتىيىگە بولغان كۈچلۈك مەدھىيىسى، چىن ئېتىقادى ۋە يۈكسەك ئىشەنچىسى ئارقىلىق، ۋەتەننىڭ يېڭى قىياپىتىگە سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن نەزەر سېلىپ، ۋەتەندىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىرى، بىز ئالدىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن «كۆكەرتەيلى ۋەتەننى» دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مەنە سىغىمچانلىقى ۋە ئېستېتىك قاتلىمى جەھەتتىن زور بۇرۇلۇش ۋە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ ۋەتەن تېمىسىدىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا كۈچلۈك ئىزدەنگەنلىكىنىڭ ۋە ئەمەلىي ئۇنۇم، نەتىجە ياراتقانلىقىنىڭ كونكرېت بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ شائىر شېئىرلىرىنىڭ جېنى بولۇپ، ھەربىر شېئىرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. شائىر ۋەتەن تېمىسىدىكى ھەربىر شېئىرنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدا ۋەتەن ئۈچۈن

ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك ئابىدە تىكلىگەن. شائىر ۋەتەن تېمىسىدا شېئىر يازغاندا ئالدىنقىلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېڭى دەۋردە يېڭىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلىشقا زور كۈچ چىقارغان. بىز بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى «كۈيلەيمەن سېنى شىنجاڭ» ناملىق شېئىردىن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز:

ئەلمىساقتىن—
تا بۈگۈنگىچە،
تالاي شائىر تەۋرەتكەن قەلەم.
گۈزەل تاغۇدەريالىرىڭغا،
ھاياجاندا باسقاندا قەدەم.
مېھرى جۇش ئۇرۇپ، نەزمە توقۇپ،
سېنى كۈيلەپ كېلىشكەن ھەردەم.

*　　　*　　　*

تالاي رەسسام پەلكۈچ ئويىنىتىپ،
سىزغان، توزدەك رەڭدار ھۆسنىڭنى.
تالاي گېئولوگ كېزىپ قوينۇڭنى،
شان-شەۋكىتىڭدىن تاپقان ئۆچمەس ئىز.
پىداكار ئەزىمەتلەر ساڭا جان تىكىپ،
يېتىپ مۇرادىغا كۆلگەن ئارمانسىز.
لەرزان ئۈنىنى ساڭا بېغىشلاپ،
تالاي ناخشىچىلار كۈيلىگەن ياڭراق.

*　　*　　*

ئەي ئالتۇن دىيار،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىللىق ماكانى!
ماگلايدىن تۆكۈلگەن كۈمۈش تەرلەردىن،
ياشنىماقتا ئەلنىڭ باھارى.
ئىناقلىق گۈللىرى ئېچىلدى تەكشى،
شۇنچىلىك رەڭدار،
گۈلزارىمىزنىڭ يوقتۇر پايانى.
خەلقىمىز تىكلىدى يۈكسەك ئىرادە،
سېنى ئېچىشقا.
ئەتمىز ئۇچۇن
سېخىي قوينۇڭدىن،
تۇرلۇك-تۇمەن بايلىق ئېلىشقا.
دەۋرىمىزنىڭ پەرھاتلىرى
كۈتمەكتە بۇيرۇق،
جەڭگە مېڭىشقا.
ئېھ، شىنجاڭ،
سېنىڭ ئەتەڭ،
رەڭدار رەسىمدەك كۆرۈنەر ماڭا.
سېنى كۈيلەيمەن،
ئەڭ ياڭراق ناخشامنى بېغىشلاپ ساڭا.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شائىر بۇ شېئىرىدا مول تەسەۋۋۇر، ئەركىن ھېسسىيات ئارقىلىق گۈزەل دىيار شىنجاڭنى ئەلمىساقتىن تارتىپ

تالاي شائىرلارنىڭ قەلەم تەۋرىتىپ مەدھىيىلەپ، كۈيلەپ كەلگەنلىكىنى، تالاي رەسساملارنىڭ، تالاي ناخشىچىلارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك ساھە كىشىلىرىنىڭ ئۆز خاسلىقى-ئالاھىدىلىكى بىلەن كۈيلەپ-مەدھىيىلەپ، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى لىرىك شېئىرىي تىل ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلىسە، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بۇ گۈزەل دىيارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئائىلىسىگە، شاد-خۇراملىق باغچىسىغا ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ئەتىسىگە—كېلەچىكىگە يۈكسەك ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلاپ، ۋەتەننىڭ كۈنسېرى روناق تېپىشىغا، يۈكسىلىشىگە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل دىيارغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈسى ئارقىلىق يېڭىچە جۇشقۇنلۇقنى، ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان. بۇ مىسرالار ھالقىسىمان شېئىرىي مەنزىرىلەر بىلەن يۇقىرى سەۋىيىدە بېزەلگەن بولۇپ، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدىكى غايەت زور ماكان ۋە زامان بوشلۇقىدا شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئىخلاسىدىن پۈتۈلگەن شېئىرىي ئۈنچىلەر يالتىراپ تۇرىدۇ ھەمدە ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدۇ.

شائىر تۇمۇر داۋامەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى، يەنى مەزمۇنىنىڭ مول، قۇرۇلمىسىنىڭ رەڭدار، ئىجادىي قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن شېئىرىيەت ئارىلىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

ئۆكتەبىر كۈنى،
كوچا-كوچىدا،
ئاقىدۇ شادلىق، ئاقىدۇ غۇرۇر.

ئېھ، بېيجىڭ،
تۇرار سېنىڭدە،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز.
شۇڭا سەن،
ئەقلىمىز— ئىدراك ئېڭىمىز.

ئوقۇرمەن بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا كۆز ئالدىدا يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتىن قۇتۇلغان يېڭى جۇڭگو خەلقىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ۋە شادلىق جىلۋىسى، دۆلەت قۇرۇلغان كۈندىكى غۇرۇر ۋە ئىپتىخارىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ دۇنياغا كەلگەن قۇتلۇق خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن پايتەخت كوچىلىرىغا پاتماي مىغىلداپ كېتىۋاتقان كۆرەشچان، قەيسەر، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلقىنىڭ نۇرانە چىرايىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنى بۈگۈنكىدەك خۇشال-خۇرام، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا يول باشلاپ ماڭغان كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ يادرولۇق كۈچىنى تونۇپ يەتكەندەك تەسىراتقا كېلىدۇ. شائىر بۇ مىسرالاردا خۇددى كىنو فىلىملىرىدىكى كۆرۈنۈشلەردەك تەسىرلىك، ھاياجانلىق شېئىرىي مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، تاللاپ پىششىقلانغان شېئىرىي تىلدىكى بېيجىڭ تەسۋىرى ئارقىلىق، قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يەنە بىر نامايان قىلغان. دەرھەقىقەت، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ مەردانىلىكى، باتۇرلۇقى، ئەقىل-پاراسەتلىكلىكى بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ يېڭى جۇڭگونى قۇردى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com